# ئىبادەت جاپا-مۇشەققەت ئەمەس، بەلكى

# قەلبگە راھەتتۇر

[ئۇيغۇرچە]

العبادة محبة وتعظيم وليس عناء ومشقة

[باللغة الأويغورية]


مۇپتى: شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

المفتي: الشيخ محمد صالح المنجد

تەرجىمە قىلغۇچى: قۇربانجان ئابدۇلكەرىم

المترجم: قربان جان عبد الكريم

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني



1430 - 2009

islamhouse.com

# ئىبادەت جاپا-مۇشەققەت ئەمەس، بەلكى قەلبكە راھەتتۇر

125994- نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ئاياللار ھەيز، نىپاس كۆرگەندە ناماز ئوقۇمايدۇ، روزا تۇتماي راھەت ئالىدۇ، لېكىن ئەرلەر ئىبادەت قىلغاندا ئاياللارغا ئوخشىغان راھەت ئېلىش ۋاقتى بېكىتىلمىگەن بۇنىڭدىكى ھېكمەت نېمە؟

جاۋاپ:

پۈتۈن ھەمدۇ-سانالار ئاللاھقا بولسۇن.

ئىبادەت دېگەن ھارغىنلىقتىن ئارام ئالىدىغان جاپا-مۇشەققەتلىك ئىش ھەرىكەت ئەمەس، بەلكى ئۇ جانابى ئاللاھنى ئۇلۇغلاش ۋە ياخشى كۆرۈشتۇر.

مۇسۇلمان كىشى جانابى ئاللاھقا يۈزلىنىپ ھەرۋاقىت دۇئادا بولىشى، ئاللاھنىڭ رەھىم-شەپقىتى، مەغپىرىتىنى تەلەپ قىلىش ئارقىلىق كۆڭلىدىكى تۇرمۇشنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىدىكى ھاياتىنى ئۈلگە قىلىشى ئىنتايىن مۇھىم. رەسۇلۇللاھ بىلالنى نامازغا ئەزان ئېيتىشقا بۇيرۇپ «بىزنى راھەتلەندۈرگىن» دەيتتى. ئىبادەت مۆمىننىڭ قەلبىگە راھەت بېغىشلايدىغان ئاجايىپ روھى قۇۋۋەتتۇر.

ئىبنى قەييۇم (ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيتتى: "ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشنىڭ تولۇق بولىشى جانابى ئاللاھنى تولۇق ياخشى كۆرۈشكە باغلىقتۇر. تولۇق ياخشى كۆرۈش ياخشى كۆرۈلگۈچىنىڭ، ياخشى كۆرگۈچىنىڭ دىلىدىن ئالغان ئورنىغا باغلىق.

جانابى ئاللاھ بارچە نۇقساندىن خالى تولۇق كامالى قۇدرەتكە ئىگە زاتتۇر . كىمىكى ئاللاھنى ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن، ئۇ زاتقا تولۇق قۇلچىلىق قىلىشى تەقەززا قىلىنىدۇ.

ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش، ئۇ زاتقا تولۇق بەندىچىلىك قىلىش ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ. ئاللاھغا ئىبادەت قىلىش ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئالدىراش دېمەكتۇر. بۇ تۈردىكى بەندىچىلىك ھەقىقى كۈچلۈك كاتتىا بەندىچىلىك دەپ قارىلىدۇ.

ئاللاھ ھەر قانداق نەرسىگە بۇيرىسا ياكى ئۇنىڭدىن چەكلىسە، بەندىنىڭ دىلى ئۇ بۇيرۇقنى بىجا كەلتۈرۈشتە ھەقىقى ھەق مەبۇدقا يۈزلىنىشى كېرەك.

بەزى سەلەپ ئالىملىرى مۇنداق دېگەن: "ئېغىز ئېپادىلىيەلمىگەن سۆيگىنى ئىنسانىنىڭ دىلى ئىپادىلەيدۇ". ئۆمەرنىڭ سۇھەيب توغرىسىدىكى سۆزىدە: "ئەگەر ئۇ ئاللاھنىڭ يەڭگىللىتىپ بېرىشىنى بىلمىگەن بولسا ئىدى، گۇناھ سادىر قىلمىغان بولاتتى".

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەھەججۇد نامازدا ئۇزۇن ئۆرە تۇرۇش سەۋەبلىك پۇتى ئىششىپ كەتكىنىدە، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى جانابى ئاللاھ سىلىنىڭ ئىلگىرى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى كەچۈرگەن تۇرسا، يەنە نېمە ئۈچۈن مۇنداق جاپالىق ئىبادەت قىلىلا؟ دەپ سورالغاندا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاپ بەرگەن: "جانابى ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا، رەھمەت ئېيتىدىغان بەندە بولمامدىم!".

جانابى ئاللاھ ئىبادەت قىلىنىدىغان، ھەمدۇ-سانا ئېيتىش، ياخشى كۆرۈشكە لايىق ئۇلۇغ زات ۋە ياراتقۇچىدۇر. ھەر قانداق بىر بەندە جانابى

ئاللاھ تەلەپ قىلغان شەكىلدە تولۇق قۇلچىلىق قىلالىشى ناتايىن. پۈتۈن بەندىلىرىنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن ياخشىسى، ئەدەپ- ئەخلاق، بىلىملىك، ئاللاھنى بەك ياخشى كۆرىدىغان، تەقۋادارى (سۆيەتلەپ بولغىلى بولمايدىغان) مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەمەللەرگىلا تايىنىپ نىجاتلىققا ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ساھابىلەرگە مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ھېچ بىرىڭلارنى سىلەرنىڭ قىلغان ئىش- ئەمەللىرىڭلار قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ. دېگىنىدە، ساھابىلار پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئۆزلىرىمۇ شۇنداقمۇ؟ دەپ سورىغىنىدا، مۇنداق دەپ جاۋاپ بەرگەن: ھەتتا مەنمۇ شۇنداق، پەقەت ئاللاھ ئۆزىنىڭ رەھمىتى ۋە پەزلى كەرىمى بىلەن نىجاتلىق بېرىدۇ». يەنە بىر ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلگەن: پەرىشتىلەرنىڭ بىر قىسمى يارىتىلغاندىن باشلاپ سەجدە قىلىپلا تۇرىدۇ. يەنە بىر تۈركۈمى رۇكۇ قىلىپلا تا قىيامەت قايىم بولغىچە بىشىنى كۆتۈرمەي رۇكۇدا تۇرىدۇ. ئۇلار ئاخىرەت كۈنى ئى ئاللاھ ئۆزلىرىگە يارىغۇدەك ئىبادەت قىلالمىدۇق" دېيىشىدۇ.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشىنى بىلگۈچىدۇر.